# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، جاسارەت بىلەن شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېن چۈەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش، بىر گەۋدىلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، باش نىشان ئارقىلىق شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتىگە بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى چۆرىدەپ شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىشنى پىلانلاپ، قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، قانۇنچىللىقنى يېتەكچى قىلىش، «ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى»گە تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇنچىللىق مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەۋقەنى يېڭى دەۋرگە قويۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، يۈكسەك سىياسىي ئىشەنچ بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە رەھبەرلىكىنى نىزام چىقىرىش، قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈش، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭدۈرۈپ، «ئىككىنى قوغداش»نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇشنى شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تۈزۈم-مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پارتىيە نىزام چىقىرىشقا رەھبەرلىك قىلىش، قانۇن ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈشنى قوللاش، باشلامچىلىق بىلەن قانۇنغا رىئايە قىلىش خىزمەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، پارتكوم بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان ۋە ھەرقايسى تەرەپ ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولىدىغان، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرىدىغان مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىنى سىياسىي قۇرۇلۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى ھەمدە پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭدۈرۈش كېرەك. شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كومىتېتى قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى كۈچەيتىشى، كومىتېتنىڭ ھەرقايسى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىلىرى كۈچلۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق ئۆز ساھەسىدىكى خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشى، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. تەشۋىقات سالمىقىنى زورايتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە ھەممە كىشى قانۇنچىللىقنى ھۆرمەتلەيدىغان، ھەممە كىشى قانۇنچىللىققا رىئايە قىلىدىغان، ھەممە كىشى قانۇنچىللىقنى قوغدايدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كومىتېتىغا ئەزا ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

# شىنجاڭ ياخشى جاي

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كېلىپ-كېتىۋاتقان ساياھەتچىلەرنىڭ ھەممىسى چىن كۆڭلىدىن ئاپىرىن ئېيتىپ: شىنجاڭ ياخشى جاي! دەپ تەرىپلەشتى. ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان چېگرا رايونىدا، ھەر مىللەت خەلق ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنىڭ ھەيۋەتلىك سىمفونىيەسىنى ياڭرىتىۋاتاتتى. شىنجاڭدا ياشاش كىشىنى خۇشال قىلىدۇ، كىشىنىڭ ھەۋەسىنى كەلتۈرىدۇ، شىنجاڭ بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ ياخشى جاي!



**باينبۇلاقنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى**

خېجىڭ ناھىيەسىدىكى باينبۇلاق يايلىقى سۇلۇق يېرى (8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تارتىلغان). بۇ جايدا قۇشلار پەرۋاز قىلىپ، قارلىق تاغ ۋە يايلاقنىڭ شولىسى سۈپسۈزۈك كۆل سۈيىدە ئەكس ئېتىپ، بەئەينى سېھىرلىك ئالەمگە ئوخشاپ قالغانىدى.

□ۋاڭ يۈەنلەي فوتوسى

## گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى

# «شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم-تەربىيە خىزمىتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابنى ئېلان قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق دېيىلدى: شىنجاڭ جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى. بىر مەزگىل، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ زىيىنىغا چوڭقۇر ئۇچرىدى، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىدى. شىنجاڭ ھادىسىسىنىمۇ، ماھىيىتىنىمۇ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم-تەربىيە مەركىزىنى تەسىس قىلىش ئارقىلىق، كەسپىي ماھارەت تەلىم-تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى كۈچەپ يوقىتىپ، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇقلىرىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدە مۇھىم باسقۇچلۇق خاراكتېرلىك غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدا تەلىم-تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئۈنۈملۈك يوقىتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە رايون خەۋپسىزلىكى ۋە مۇقىملىقىنى كۈچلۈك قوغدىدى. بۇ خىل ئۇسۇل خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى ئاساسىي روھ ۋە ئاساسىي پرىنسىپقا تامامەن ئۇيغۇن، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە تەلىپىگە تامامەن ئۇيغۇن.

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق تەكىتلەندى: شىنجاڭدا تەلىم-تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مەقسەت — تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيلىكنى مەنبەدىن يوقىتىش، بۇ كىشىلىك ھوقۇقنى تامامەن ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىشتىكى تەدبىر.

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق دېيىلدى: شىنجاڭ ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەر شارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيەسى» (60/288) ۋە «زوراۋان ئەسەبىيلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەرىكەت پىلانى» (70/674) قاتارلىق ھۆججەتلەرنىڭ روھىغا داۋاملىق ئەمەل قىلىپ، زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تەلىم-تەربىيە خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈرلۈك ئاساسىي ھوقۇقلىرىغا كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

# مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇھىم، زور مەخسۇس تۈرلەر خىزمىتى بويىچە ئەزالار تەشۋىقات-لېكسىيە ئۆمىكى شىنجاڭدا تەشۋىقات-لېكسىيە دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەشۋىقات-لېكسىيە ئۆمىكى قۇرۇش ۋە تەشۋىقات-لېكسىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش — مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمىتى. ئالاقىدار خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش بەنگۇڭتىڭى بۇ يىل باش تېما تەشۋىقات-لېكسىيە ئۆمىكىدىن ئۈچنى تەشكىللىدى، 2-باش تېما تەشۋىقات-لېكسىيە ئۆمىكى شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىكى سىياسىي كېڭەشلەرگە كېلىپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ۋە بىرلىك سەپنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى گۈللەندۈرۈش، ئىسلاھات يولىدا ئىزدىنىش، جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش سەلتەنەتلىك ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن تارىخىي تۆھپىسى ۋە قولغا كەلتۈرگەن قىممەتلىك تەجرىبىسىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، شەرھلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ يېڭىچە سىياسىي پارتىيە تۈزۈمى ۋە خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىچە ئەۋزەللىكى ۋە مۇھىم رولىنى تولۇق نامايان قىلىدۇ.

لىيۇ جىيايى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمىنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ مۇقىملىشىشىغا تۈرتكە بولۇش، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يېڭى ئورنى، يېڭى بۇرچى قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنىڭ روھىنى چوڭقۇر شەرھلىدى ھەم خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخىغا بىرلەشتۈرۈپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت نەتىجىلىرىنى مەركەزلىك رەتلەپ، پارتىيەنىڭ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكى، ئەزالار قوشۇنى قۇرۇلۇشى، يېڭى ئورۇن، يېڭى بۇرچ، ۋەزىپە-مەسئۇلىيەتنىڭ مەركىزىي ھالقىسى، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىرى قاتارلىق بەش جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى نۇقتىلىق تونۇشتۇردى.

نۇرلان ئەبىلمەجىن مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى تەشۋىقات-لېكسىيە پائالىيىتىنى پۇرسەت بىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسى، مېڭىنى قوراللاندۇرىدىغان روھ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يېڭى ئورنى، يېڭى بۇرچىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئىدىيە-سىياسىي جەھەتتىن يېتەكلەش، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەشنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداشتا مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە چارە كۆرسىتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشتا ماھىرلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ئۈلگە بولۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتقا مۇلازىمەت قىلىشتىكى ئەلا نەتىجىلەر ئارقىلىق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن جۇرئەت ئىمىن، ماغاۋ سېيىتقامزا، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى جاڭ بو، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن مۇتەللىپ ئوبۇل، كۇڭ شىڭلۇڭ، چيۇ شۇخۇا، ياڭ يۇڭ، ئىلھام سابىر، ما شيۇڭچېڭ، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز يىغىنغا قاتناشتى.

دوكلات يىغىنىدا يىراق مۇساپىلىك سىندا لېكسىيە سۆزلەش شەكلى قوللىنىلدى، ئاساسىي يىغىن مەيدانى ۋە 118 شۆبە يىغىن مەيدانى تەسىس قىلىنىپ، تەخمىنەن 8500 كىشى قاتناشتى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلاردىكى، سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىدىكى ئالاقىدار زاتلار، پارتىيە-گۇرۇھسىز زاتلار؛ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئورگىنىدىكى بىر قىسىم كادىرلار قاتارلىقلار ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا تەشۋىقات-لېكسىيە پائالىيىتىگە قاتناشتى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست(شەھەر)لىق سىياسىي كېڭەش، ھەرقايسى ناھىيە(شەھەر، رايون)لىق سىياسىي كېڭەش ۋە بىڭتۈەنگە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەردىكى سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، سىياسىي كېڭەش ئورگىنىدىكى كادىرلار ئۆز جايىدىكى شۆبە يىغىن مەيدانىدا پائالىيەتكە قاتناشتى.